ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 17 ـ سان
دېكابىر 2021

توغرا تەشۋىقات ئۇيغۇنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر



# خىتاينىڭ ئىسلامغا قىلغان ھاقارىتى ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV



# ئۇيغۇرلارنى يۇرتلىرىدىن مەجبۇري سۈرگۈن قىلىش داۋاملاشماقتا

خىتاي يېقىنقى يىللاردا ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى خىتاينىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش بازىلىرىغا سۈرگۈن قىلغان.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 27 - نويابىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي بۇ يىل ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇش رەزىل پىلانىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاندا يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىغان بولۇپ، ئاتالمىش «يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا دېھقانلارنى ھەرقايسى رايونلاردىكى خىتاي كارخانىلىرىغا سۈرگۈن قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، نۆۋەتتە ئاتالمىش يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش گۇرۇپپىسىدىن 29 مىڭ 600 ى بار بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى 70% دېھقان «يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» باھانىسى بىلەن، خىتاي ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا ئەمگەككە سېلىنىش ئۈچۈن سۈرگۈن قىلىنغان.

خىتاي دائىرىلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرخىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئارقىلىق خىتاينىڭ كىچىك ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ناھىيەلەردە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش كارخانىلىرىنىڭ سانى 1151 گە يەتكەن. ئۇندىن باشقا باشلامچى كارخانا، ھەمكارلىق كوپېراتىپى، دېھقانچىلىق بازىسى قاتارلىق ئورگانلارنى تەشكىللەپ، دېھقانلارنى بۇ كارخانىلارغا مەجبۇري ئورۇنلاشتۇرغان. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپىمۇ 28700 گە يەتكەن بولۇپ، مەزكۇر ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا 431 مىڭ ئائىلە ئەزا قىلىنغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي قورچاق ئەمەلدارلىرى ئالدى بىلەن يېزا-كەنتلەردىكى دېھقانلارنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن تېرىلغۇ يەرلىرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا بېرىشكە مەجبۇرلىغان. ئاندىن يەرلىرىدىن ئايرىلغان دېھقانلارنى ئاتالمىش «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» قاتارىغا كىرگۈزۈپ يۇقىرىغا يوللاپ، ئۇلارنى «ئېشىنچا ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا باشقا يۇرتلارغا، ھەتتا خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىشقا شارائىت ھازىرلىغان.

نۆۋەتتە خىتاي ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى كوپېراتسىيە تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ خىل ۋاستە ئارقىلىق زىچ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنى ھەرقايسى رايونلارغا تارقاقلاشتۇرۇپ، نوپۇس نىسبىتىنى تەڭشەش ۋە خەلقنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشتەك رەزىل پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

# شى جىنپىڭ ئاتالمىش «دىنى خىتايلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى قايتا تەكىتلىدى



خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىغا قارشى تېررور سىياسىتى سەۋەبلىك خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچلۈك بېسىمغا ئۇچراۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي رېجىمىنىڭ ئىككى كۈنلۈك دىن خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلىپ، ئاتالمىش «دىنى خىتايلاشتۇرۇش» سىياسىتى يەنە تەكىتلەندى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنى 3 - دېكابىردىن 4 - دېكابىرغىچە بېيجىڭدا ئېچىلغان بولۇپ، يىغىنغا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ دىنىي ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان قورچاق ئەمەلدارلارمۇ قاتناشقان. شى جىنپىڭ يىغىندا سۆز قىلىپ، ئاتالمىش «دىنى خىتايلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، دىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش» دېگەن باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى قايتا تەكىتلىگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، يىغىنغا قاتناشقان ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىياز، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن باشلىقى ئابلىز توختى قاتارلىق قورچاق ئەمەلدارلار «شى جىنپىڭنىڭ سۆزى دىنىي باشقۇرۇشتىكى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، دىنىي ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىي ئىدارە قىلىش كېرەك» دەپ بىلجىرلاشقان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان دىنىي باستۇرۇشلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق خىتاينىڭ يەنىلا بۇ تېررور سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەكىتلەۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش رەزىل پىلانىدىن تېخىچە ۋاز كەچمىگەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ بۇ جەھەتتىن قاتتىق بېسىمغا دۇچ كېلىشى مۇمكىنلىكىنى، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە تەشكىلاتلارنىڭ خىتاينىڭ تېررور سىياسىتىنى توختىتىشقا مەجبۇرلايدىغان ھەرىكەتلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

تەييارلىغۇچى: ئابدۇخەبەر رەجەپ




ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى 8 - دېكابىر مەجبۇرىي ئەمگەك سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنى چەكلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ تۈرلۈك قارار ماقۇللىدى.

روйтېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى تۈنۈگۈن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان مەجبۇرىي ئەمگەك جىنايىتىگە بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلەپ، شەرقىي تۈركىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنى چەكلەش قانۇنىنى ماقۇللىغان. بۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قىلغان مۇئامىلىسىگە داۋاملىق قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى 428 ئاۋازنىڭ قوللىشى، بىر ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇش نەتىجىسىدە «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغان. بۇ قانۇن لايىھەسى يەنە كېڭەش پالاتاسىدا ماقۇللىنىپ، پرېزىدېنت بايدېن ئىمزا قويغاندا ئاندىن رەسمىي قانۇن بولۇپ چىقىدىكەن. بۇ تەدبىر شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن بارلىق مەھسۇلاتلارنى مەجبۇرىي ئەمگەك ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان، دەپ رەت قىلىشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بايدېن ھۆكۈمىتى ۋە دېموكراتچىلار پارتىيەسى ئەزالىرىنى بۇ قانۇننىڭ ماقۇللىنىشىنى كېچىكتۈردى، دەپ ئەيىبلىگەن. ئەمما ئامېرىكا پارلامېنتىتىكى دېموكراتچىلار ئالاقىدار قانۇن لايىھەسىنى كېچىكتۈرگەنلىكىنى رەت قىلغان.

دېموكراتچىلار پارتىيەسىنى ئاساس قىلغان ئاۋام پالاتاسى ئوخشاش كۈندە يەنە مۇتلەق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى تۈرلۈك قارار لايىھەسىنى ماقۇللىغان. ئۇنىڭ بىرىدە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىنسان ھەقلىرى ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئاۋام پالاتاسىدا تولۇق ئاۋاز بىلەن قارشىلىقسىز ماقۇللانغان.

يەنە بىرى بولسا خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر تۇپىغا قارىتا ئۆزلۈكسىز ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى ئەيىبلەش ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى بۇ ھەقتە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىق قىلىشقا ئالاقىدار قارار لايىھەسى بولۇپ، ئاۋام پالاتاسىدا 427 ئاۋازنىڭ قوللىشى، بىر ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ماقۇللانغان.




# ئۇيغۇر سوتى خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدە ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى

ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھرىدە تەشكىللەنگەن «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تېررور سىياسىتى ھەققىدىكى پاكىتلارنى توپلاپ تەھقىقلەشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ 1 - قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى بۇ يىل 6 - ئايدا، 2 - قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى 9 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىجرا قىلىۋاتقان تۈرلۈك باستۇرۇش سىياسەتلىرى ھەققىدە ئىسپات توپلاش، دەلىل-ئىسپاتلارنى رەتلەش، يىغىلغان ئىسپاتلارنى تەپسىلىي تەھقىقلەش ئارقىلىق، تۈنۈگۈن ئۆتكۈزۈلگەن ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

سوت كوللېگىيەسى يەنە خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلەرگە خىتاي كومپارتىيەسى سېكرېتارى شى جىنپىڭ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتكومىنىڭ سېكرېتارى چېن چۈەنگو ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىۋاسىتە جاۋابكار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

باش سوتچى جېفرى نايس ئېلان قىلغان ھۆكۈمنامىدە خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا ئاتالمىش «نوپۇسنى ئەلالاشتۇرۇش» نامى بىلەن تۇغۇت چەكلىشى ۋە ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن تۇغۇت نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش تەدبىرلىرىنى سىستېمىلىق ئىجرا قىلىشى، تۇغۇلمىغان بوۋاقلارنى مەجبۇرىي ئالدۇرۇۋەتكەنلىكى، جازا لاگېرلىرىغا قاماپ زىيانكەشلىك قىلىشى قاتارلىق قىلمىشلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھدىنامىسى»دە بېرىلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئۆلچىمىگە چۈشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.





مۇستەقىل «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» 2020 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ باشچىلىقى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن خىزمەت باشلىغان ۋە بۇ يىل ئىيۇن ئېيىدىن باشلاپ بىر نەچچە قېتىم خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىش، ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ۋە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىگەن. نەچچە باسقۇچلۇق ئىسپات توپلاش، ئىنچىكە تەھقىقلەش خىزمەتلىرى نەتىجىسىدە، خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدە قايىل قىلارلىق ئىسپاتلار توپلانغان. «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى»گە ئەنگلىيەلىك ئادۋوكات ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى جېفرى نايس باش سوتچى بولغان. ئۇ ئىلگىرى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، سابىق يۇگوسلاۋىيە پرېزىدېنتى سلوبودان ملوشېۋىچنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى سوتلاشقا مەسئۇل بولغان.

ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ مەزكۇر ھۆكۈمى كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان بولۇپ، خەلقئارالىق نوپۇزلۇق تاراتقۇلاردا ئارقا-ئارقىدىن خەۋەر قىلىندى. بۇنىڭدىن بىئارام بولغان خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تۈنۈگۈن دەرھال بايانات ئېلان قىلىپ: «مەزكۇر سوت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ قوللىشى ۋە كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا تەشكىللىگەن سىياسىي ئويۇنى. بۇ سوتنىڭ ھېچقانداق قانۇنىي كۈچى ۋە نوپۇزى يوق» دەپ جار سالدى. خىتاي رېجىمى تۈنۈگۈندىن بېرى يەنە تور قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ تىۋىتتېر ھېسابىدا خىتاينىڭ جىنايەتلەرنى ئاقلايدىغان ئىنكاسلار ۋە ھاقارەتلەر بىلەن، مەزكۇر سوت ۋە گۇۋاھچىلارغا ھۇجۇم قىلدى.

كۆزەتكۈچىلەر «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» چىقارغان ھۆكۈمنىڭ جازالاش كۈچى بولمىسىمۇ، ئەمما تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسەتلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كەلتۈرگەنلىكىنى ۋە خىتاينى قاتتىق بىئارام قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.






# چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى:
## خىتاي دۇنيا بويىچە مۇخبىرلارنى ئەڭ كۆپ قولغا ئالدى

ئاخبارات ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقئارالىق تەشكىلات «چېگراسىز مۇخبىرلار» يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە مۇخبىرلارنى ئەڭ كۆپ قولغا ئالغان دۆلەت بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى 7 - دېكابىر «خىتاي ئاخباراتچىلىقىدىكى ئېغىر چېكىنىش» ماۋزۇلۇق دوكلات ئېلان قىلغان. دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خوڭكوڭدىكى خەۋەرچىلىك مۇھىتى ئېغىر دەرىجىدە ناچارلاشقان بولۇپ، خىتاي مۇخبىرلارنى ئاتالمىش «چايغا تەكلىپ قىلىش»، مەجبۇرىي ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، تور مۇداپىئەسى قۇرۇش ۋە ئىنتېرنېت كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلەردىن پايدىلانغان.

چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى كىرىستوف دېلۋارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي رەزىل مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن غايەت زور مالىيە ۋە تېخنىكا كۈچى سەرپ قىلغان، مۇخبىرلار كومپارتىيەنىڭ زۇۋانى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلانغان. بۇ خىتايدىكى ئاخباراتچىلىق ساھەسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىشكە سەۋەب بولغان.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، دۇنيا بويىچە خىتايدا قولغا ئېلىنغان مۇخبىرلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، نۆۋەتتە ئاز دېگەندە 127 ژۇرنالىست خىتاي تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلماقتىكەن. سەزگۈر تېمىلارنى يوللاش ياكى تەكشۈرۈلۈشكە تېگىشلىك ئۆچۈرلارنى ئېلان قىلىش قاتارلىق ئاددىي ھەرىكەتلەر سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغان كىشىلەر مۇھىتى ناچار تۈرمىلەردە ئۇزۇن يىل تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋە بۇ يەردە خورلانغان بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى بار ئىكەن.

دوكلاتتا يەنە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئىنتايىن سەزگۈر نۇقتىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى، خىتاي رېجىمىنىڭ 2016 - يىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا باستۇرۇش سىياسىتى قوللانغانلىقى، تاراتقۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى خەۋەر قىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەنلىكى، نۆۋەتتە خىتاينىڭ 71 ئۇيغۇر ژۇرنالىستنى قولغا ئالغانلىقى، بۇ خىتايدا قامالغان مۇخبىرلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. شۇنداقلا چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ژۇرنالىستلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەھدىتكە ياكى تۇتقۇن قىلىنىشقا ئۇچرىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى بۇ يىل 4 - ئايدا 2021 - يىللىق دۇنيا ئاخبارات ئەركىنلىكى كۆرسەتكۈچ دوكلاتى ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان 180 دۆلەت ئىچىدە خىتاي ئاخبارات ئەركىنلىكى جەھەتتە 177 - ئورۇنغا، يەنى ئاخىرىدىن سانىغاندا تۆتىنچى ئورۇنغا تىزىلغانىدى.




# ئۇيغۇر سوتىنىڭ ھۆكمى
# ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق؟

نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي

ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ چىقارغان ھۆكمى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق؟

ئۇيغۇر سوتى 2020 - يىلى ئەنگلىيەدىكى بىر نەچچە ئادۋوكاتنىڭ بىرلىشىشى بىلەن قۇرۇلغان سوت بولۇپ، ئۈچ قېتىملىق گۇۋاھلىق ئېلىش، ماتېرىياللارنى ئانالىز قىلىش ۋە نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقىش ئارقىلىق، 2021 - يىلى دېكابىردا يەنى «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى» ھارپىسىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشى ھازىرغا قەدەر شەرقىي تۈركىستان / ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ رەسمىي ھالدا قانۇنىي ئاساسلار بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتكە جاكارلىنىشى بولدى.

بۈندىن باشقا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە غەرب ئەللىرىدىكى بىر نەچچە پارلامېنتمۇ ئوخشاش يەكۈندە بولغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ خەلقئارادىكى كۆڭۈل بۆلۈنىدىغان مۇھىم كۈنتەرتىپكە كېلىشى ئۈچۈن مۇھىم رولى بار.

گەرچە بۇ سوت ھۆكمى ھېچقانداق بىر دۆلەتكە بېسىم چۈشۈرەلمىسىمۇ، خەلقئارادىكى دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىدىغان دۆلەتلەر، ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرى ۋە






خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنى ئەڭ ئېنىق تەرىقىدە بىلىشىگە پايدىلىق.

بۇ سوت ھۆكمى دەلىل-ئىسپاتلار ئارقىلىق خىتاي رېجىمىنىڭ سىياسەتلىرى، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش جەريانلىرىنى دەلىللىگەن بولۇپ، خەلقئارالىق مۇنبەرلەردە، ب د ت يىغىنلىرىدا ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنى كۈچلەندۈرگىلى بولىدىغان دۆلەتلەردە قىممەتلىك بىر ئىسپات ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ياردەم قىلالايدۇ.

مەزكۇر سوت ھۆكمى يەنە دۇنيا ئاخبارات ساھەسىنىڭ، ئاكادېمىكلارنىڭ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قوللىغۇچى تەرەپلەرنىڭ قىممەتلىك مەنبەسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلالايدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئىسپاتلىنىشقا تېگىشلىك بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش جەريانى ئۈچۈنمۇ ئاساس بولالايدۇ. چۈنكى خىتاي ئۆز تۈپرىقىدىكى خىتايلارغا ئەمەس، پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەۋملەرگە بۇ قەدەر ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى قانۇنىي ئىسپات سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

خىتاينىڭ رەزىللىكىنى تېخىمۇ ئېنىقكىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقارغان بۇ سوت يەكۈنى بىۋاستە ھالدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ھەل قىلغۇچ ئۆزگىرىش ئەكەلمىگەن ھالدىمۇ، خىتاي رېجىمىنىڭ سىياسىي رەزىللىكىگە بېرىلگەن بىر سىگنال ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە نىسبەتەن بىر ئۈمىد چىرىغىدۇر. بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدە شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنى تېخىمۇ سىستېمىلاشقان ھالەتكە يۈرگۈزۈشكە پايدىلىقتۇر.

خىتايدا قىينالغان جازا لاگېرى شاھىتلىرىنىڭ قەھرىمانلارچە جاسارىتى، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىققا تەشنا ئاۋازى، خەلقئارادىكى ھۆرىيەتپەرۋەر ۋە ئىنسانپەرۋەر تەرەپلەرنىڭ ئورتاق كۈچىنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا چىققان بۇ يەكۈن خىتاي تېررور دۆلىتىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تونۇتۇشتا ئىسپات بولغۇسى.






**ئامېرىكا خىتاي، شىمالىي كورىيە ۋە بېرما قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بىر تۈركۈم ئورگان ۋە شەخسلەرگە جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، قارا تىزىملىكتە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ مۇۋەققەت رەئىسى ئەركىن تۇنىيازمۇ كىرگۈزۈلدى.**

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىكى 10 - دېكابىر باياناتى ئېلان قىلىپ، خىتاي، شىمالىي كورىيە ۋە بېرما قاتارلىق دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم ئورگان ۋە شەخسلەرگە جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى جاكارلىغان. جازا تىزىملىكىدە ئۇيغۇرلارنى چىراي پەرقلەندۈرۈش تېخنىكىسى ئارقىلىق نازارەت قىلىشقا چېتىشلىق خىتاي شىركىتى، شىمالىي كورىيەدىكى بىر كارتون ئىشلەش مەركىزى، رۇسىيە قانۇن تەتقىقات ئورگىنى قاتارلىقلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ۋە باستۇرۇش قىلمىشلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقى ئېنىقلانغان سەككىز دۆلەت تەۋەلىكىدىكى 15 شەخس ۋە 10 ئورگان جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى باياناتىدا، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ مۇۋەققەت رەئىسى، قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۇنىياز ۋە سابىق رەئىسى شۆھرەت زاكىرنىڭ نەچچە مىليون ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنى جازا لاگېرىغا سولاپ، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىقى سەۋەبلىك، ئامېرىكىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

2019 - يىلى 10 - ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشقا قاتناشقان خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزگەن بولۇپ، شۆھرەت زاكىرمۇ قارا تىزىملىكتىكى تۇققۇز كىشىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى.

ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتىدا يەنە چىراي ۋە سۈرەت پەرقلەندۈرۈش دېتالىنى ئاچقۇچى شىركەت «شاڭتاڭ تېخنىكىسى»نىڭمۇ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى، مەزكۇر شىركەتنىڭ «ساقاللىق، كۆزئەينەك تاقىغان، يۈزىنى يۆگىگەن ئۇيغۇرلارنى تونۇش» تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى سەۋەبلىك، جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئورگان ۋە شەخسلەر ئىچىدە رۇسىيەنىڭ «ياۋروپا قانۇن ئىنستىتۇتى» ۋە مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ مۇدىرىمۇ بار بولۇپ، شىمالىي كورىيەلىك خىزمەتچىلەرگە ئوقۇغۇچىلىق ۋىزىسى تەمىنلەپ بېرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئۇندىن باشقا بۇ قېتىملىق جازا تىزىملىكىدە بېرمىدىكى تۆت رايوننىڭ ئەمەلدارى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ تەشكىلاتمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈشىنىڭ سەۋەبى دېموكراتىيە تۈزۈمىگە قىلغان توسقۇنلۇق ۋە ھۇجۇمى ئىكەن.

# ئىيى پارتىيەسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلدى




تۈركىيەدىكى ئاساسلىق ئۆكتىچى پارتىيەلەردىن بىرى بولغان ئىيى پارتىيەسى «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتى» سەرلەۋھەلىك دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى.

مەزكۇر دوكلات ھۆسەيىن راشىت ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ تەييارلانغان بولۇپ، ئۇن بابتىن تەشكىل تاپقان. دوكلات نۆۋەتتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 12 دۆلەتتە ياشاۋاتقان 53 جازا لاگېرى شاھىتى ۋە خىتاي تۈرمىلىرىدە قىيىن-قىستاقلارغا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەر بىلەن ھەرخىل يوسۇندا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىسپات توپلاش ئارقىلىق تەييارلانغان.

14 - دېكابىر ئىيى پارتىيەسى تەشكىللىگەن دوكلات ئېلان قىلىش يىغىنىغا تۈركىيەدىكى جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسى، كېلەچەك پارتىيەسى، ھۆر دەۋا پارتىيەسى، يېڭى رەفاھ پارتىيەسى، مەملىكەت پارتىيەسى قاتارلىق پارتىيەلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلغان.

يىغىندا ئىيى پارتىيەسى رەئىسى مەرال ئاقشەنەر خانىم نۇتقىنى «ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز بېشىمىزنىڭ تاجى» دېگەن سۆز بىلەن باشلىغان. ئۇ سۆزىدە دىنى ئۈچۈن، مەدەنىيىتى ئۈچۈن، باشقىلار بىلەن ئوخشاش مىللەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باشقا يۇرتلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇش ئازابىنى تۈركلەرنىڭ كۆپ قېتىم تارتقانلىقىنى، ئەمما تۈرك خەلقىنىڭ بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇنى ئۇنتۇغانلىقىنى، ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ھازىر ئەنە شۇ ئازابلىق كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلار كۆرۈۋاتقان ئېغىر كۈنلەرنى ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى خەلقئاراغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە يىغىلغانلىقىنى، خەلقئارادا كۈچلۈك كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە مەزكۇر دوكلاتنى تەييارلىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى ئاۋاز چىقارغانلىقى ئۈچۈن، تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ سۆزىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نومۇسىنىڭ ئەمەلىيەتتە تۈركلەرنىڭ نومۇسى ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭمۇ ئۇيغۇرلار باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئېغىر كۈنلەرنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

مەزكۇر دوكلات 14 - دېكابىر ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئىنگلىزچە ۋە خىتايچە تۆت تىلدا تەييارلانغان. دوكلاتتا ئالدى بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قانداق جىنايەتلەرنى سادىر قىلىۋاتقانلىقى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش جىنايەتلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەت ئالدىدا يوللۇق كۆرسىتىشكە تىرىشقانلىقى، خىتاينىڭ بۇ رەزىل پىلانىنىڭ 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن تارتىپ

باشلانغانلىقى، خىتاي رېجىمىنىڭ خەلقئارانىڭ تېررورلۇققا قارشى ئەندىشىسىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي ۋە دىنىي پەرقلەرنى يوقىتىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

دوكلاتتا خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈرلۈك باستۇرۇش ۋاستىلىرى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تولدۇرغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلغانلىقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن يوقىتىش ئارقىلىق، بۇ زېمىننى تامامەن يۇتۇۋېلىپ، ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دۇنيانى سودا لىنىيەسى بىلەن كونترول قىلىش ھەققىدە خام خىيال قىلىۋاتقانلىقى قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن.

دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ خەلقئارالىق تېررورچىلىققا قارشى ئەندىشىسىنى سۈيىئىستېمال قىلغان ئاساستا، 2001 - يىلىدىن كېيىن باستۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىل مائارىپى، دىنىي ئەركىنلىك قاتارلىق ئەڭ ئەقەللىي ھەق-ھوقۇقلىرىنى پۈتۈنلەي دەپسەندە قىلىشقا باشلىغانلىقى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرىنىڭ كۆنسېرى ئېغىرلىشىپ بارغانلىقى، 2016 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سەۋەبسىز تۇتقۇن قىلىنىپ، كىشىنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان تۈرلۈك بوھتانلار بىلەن 10 نەچچە يىللاپ كېسىلگەن كىشىلەرنىڭ شىددەت بىلەن كۆپەيگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا يەنە 2015 - ۋە 2016 - يىللىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش جىنايىتىنى يەنە بىر بالداق ئېغىرلاشتۇرغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلىرىدىكى



ئومۇميۈزلۈك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پاسپورت بېرىلمەي كەلگەن ئۇيغۇرلارغا پاسپورت بېجىرىپ بېرىشكە باشلىغانلىقى، خىتاينىڭ مەزكۇر سىياسىتىدىكى رەزىل مەقسىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىر قىسمىنى چەت ئەلگە چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق كۆزدىن يوقىتىش ئىكەنلىكى، شەرقىي تۈركىستاندا قالغان ئۇيغۇرلارنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە كەڭ-كۆلەملىك قاماش ھەرىكىتى ئىجرا قىلىشقا باشلىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

---

دوكلاتتا يەنە خىتاي ئاخبارات ئورگانلىرى ئاشكارىلىغان ماتېرىياللارنى ئىسپات قىلىش ئاساسىدا، 2016 - يىلىدىن 2019 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 4 مىليون 720 مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى جازا لاگېرغا سولانغانلىقى، 2017 -، 2018 - يىللىرىدىن 2019 - يىلى يىلىغىچە جازا لاگېرى ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنى تېز سۈرئەتتە داۋاملاشتۇرغانلىقى، 2020 - يىلىغىچە يېڭىدىن سېلىنغان جازا لاگېرىنىڭ 380 گە يەتكەنلىكى، لاگېر كۆلىمىنىڭ ئېشىشىغا قارىماي، كېيىنكى يېڭى تۇتقۇنلارغا ئورۇن بوشىتىش ئۈچۈن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نازارەت ئاستىدا قويۇپ بېرىلگەنلىكى، 2016 - يىلىدىن 2021 - يىلى 6 - ئايغا قەدەر 7 مىليون 78 مىڭ كىشىنىڭ جازا لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

دوكلاتتا يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش»، «دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش» نامىدا مۇسۇلمانلارنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ، دىنىدىن چىقىشقا مەجبۇرلاش، زىيانكەشلىك قىلىش ۋاستىلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى باستۇرۇش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلغانلىقى، ئۇزۇن يىللىق تارىختا ئىگە مەسچىتلەرنى چېقىۋەتكەنلىكى، بىر قىسىم مەسچىتلەرنى كۆڭۈل ئېچىش ئورنىغا ئۆزگەرتكەنلىكى، يەنە قىسمەن مەسچىتلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنى خىتاي مىللىي ئۇسلۇبىغا ئۆزگەرتكەنلىكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىشنى نىشان قىلىپ، قەبرىستانلىقلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى، ھەرخىل باھانىلەر بىلەن

چېقىۋەتكەن ياكى بۇزۇۋەتكەن مەسچىتلەرنىڭ 16 مىڭدىن ئاشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، شۇنداقلا خىتاينىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ئىسلام دىنىغا ئالاقىدار كىتابلارنى پۈتۈنلەي چەكلەپ يىغىۋالغانلىقى، ھەتتا قۇرئان كەرىمنى ئاشكارا كۆيدۈرگەنلىكى، ئائىلىسىدە قۇرئان كەرىم ساقلىغان مۇسۇلمانلارنىمۇ ئېغىر جازالىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا يەنە ئاتا-ئانىسى جازا لاگېرىغا قامالغانلىقى سەۋەبلىك ئىگە-چاقىسىز قالغان باللارنى باللار لاگېرىغا يىغىۋالغانلىقى، ئۇيغۇر كۇلتۇرى مۇھىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان باللارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى پىلانلىغانلىقى، ھەتتا ئۇلارنى يېقىن تۇغقانلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمەي، تامامەن خىتاي ئىدېئولوگىيەسى بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

دوكلاتتا خىتاينىڭ يەرشارىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش زەنجىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەركەزلىرى ۋە بۇ مەركەزلەرنى قانداق باشقۇرىدىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان تەھدىتلىرى، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئالاقىلىشالمايدىغانلىقى، خىتايغا قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى دۆلەتلەر تەرىپىدىن كەلگەن تەھدىتلەرنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارى بىلەن تۈزۈپ چىقىلغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ئۆلچىمىگە چۈشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ئىپادىلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر قويۇلغان بولۇپ، خىتاينىڭ جىنايى قىلمىشلىرى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.

تۈنۈگۈن دوكلات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن زالنىڭ سىرتىدا يەنە خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى تەقدىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن.

نۆۋەتتە مەزكۇر دوكلاتنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تۈركىيە سىياسىي سەھنىسىدە كۈنتەرتىپكە ئەكىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە.





# خىتاينىڭ ئىسلامغا قىلغان ھاقارىتى ئۇيغۇرلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى خىتاينىڭ مەلۇم شەھىرىدىكى بىر ئاشخانىنىڭ ئىچىگە قۇرئان ئايەتلىرى ۋە شاھادەت كەلىمىسى يېزىلغان چاقچۇق ياتقۇزۇلغانلىقى، خىتايلارنىڭ بۇ چاقچۇقلارنى دەسسەپ ئولتۇرغانلىقى ھەققىدىكى كۆرۈنۈش تارقالغاندىن كېيىن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى.

بىر قىسىم تورداشلار مەزكۇر سىندىكى ئاشخانىنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى تەيشەن شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، سىن تارقالغاندىن كېيىن ھەر قايسى تەشكىلات ۋەكىللىرى، ئۆلىمالار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە پائالىيەتچىلەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق ھەر خىل تىلدا بايانات ۋە چاقىرىقلارنى ئېلان قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنى خىتاينىڭ بۇ ھاقارىتىگە قارشى ئىنكاس قايتۇرۇشقا، ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى. تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم ئاخبارات ئورگانلىرىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەر ئىشلەپ تارقاتتى.

ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن بىر تۈركۈم كىشى خىتاينىڭ ئاشكارىلانغان بۇ ھاقارەتلىك قىلمىشىغا غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۈگۈن خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىغا يىغىلىپ، نامايىش ئۆتكۈزدى.

قاتتىق يامغۇر ۋە سوغۇق ھاۋاغا قارىماي، يۈزلىگەن ئۇيغۇر خەلقى نامايىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن كونسۇلخانا ئەتراپىدىكى ساھەلگە يىغىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى ۋە خىتاينىڭ مەزكۇر ھاقارەتلەش قىلمىشى بېسىلغان سۈرەتلەرنى كۆتۈرۈپ، خىتايغا قارشى شوئار توۋلىدى.

> نامايىشچىلار قولىدىكى ھاقارەتلىك سۈرەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، تۈرك دۇنياسىنى، ئىسلام دۇنياسىنى خىتاينىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرىنى توختىتىشقا، مۇسۇلمانلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا چاقىردى.
>
> گەرچە خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى، شۇنداقلا خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى ئىسلام دىنىنى باستۇرۇش، ھاقارەت قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە تارقىلىپ كېتىشىنى قاتتىق كونترول قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاشكارىلىنىپ كەتكەن بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەر خىتاينىڭ تېررور سىياسىتىنى خەلقئاراغا پاش قىلىشتا بەلگىلىك رول ئوينىماقتا.



# ئىستانبۇلدا خىتاينىڭ دىنىي باستۇرۇشى ۋە ھاقارەتلىرىگە قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

خىتاينىڭ ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش سىياستى ۋە كەلىمە تەۋھىدكە قىلغان ھاقارىتىگە قارشى، ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشقا مىڭغا يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلغاندىن سىرت، ئەلجەزىرە قانىلى، ئانادولۇ ئاگېنتلىقى قاتارلىق بىر قىسىم ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى قاتناشتى. قوللىرىدا خىتاينىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئىجرا قىلىۋاتقان سىياسەتلىرىگە قارشى پىلاكاتلارنى كۆتۈرگەن خەلق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستى، جۈملىدىن دىنىي باستۇرۇشلىرىغا قارشى شوئار توۋلاشتى.

> شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش، كوممۇنىزمغا ماسلاشتۇرۇش» قاتارلىق تېررور سىياستى ۋە كەلىمە تەۋھىد، قۇرئان ئايەتلىرىگە ھاقارەت قىلىش قىلمىشىغا قارشى نارازىلىق باياناتى ئېلان قىلدى.

باياناتى تۈركچە، ئەرەبچە، ئىنگلىزچە ئۈچ تىلدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، تۈركچە باياناتنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار، ئەرەبچە باياناتنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام، ئىنگلىزچە باياناتنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئابدۇرېشىت ئەمىن ئوقۇپ ئۆتتى.

باياناتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى تېررور سىياستىنى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن باشلاپ، ئاتالمىش «ئىسلام دىنى خىتايلاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم






جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش» قاتارلىق تېررور سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، ئون مىڭلىغان مەسچىتلەرنى چاققانلىقى، قۇرئانلارنى كۆيدۈرگەنلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا نەچچە ئەسىردىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى، بۇ رەزىل پىلاننىڭ خىتاينىڭ خام خىيالى ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلدى.

باياناتتا يەنە يېقىندىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلغان ئىسلامغا قارشى سىياسەتلىرىگە قارشى ئىسلام ئەللىرىدىن ھېچقانداق ئىنكاس كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن خىتاينىڭ تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، ئىسلام دىنىغا، مۇسۇلمانلارغا، ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغان كەلىمە تەۋھىدكە ھاقارەت قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى، خىتاي بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى مەيدانىنى ئاشكارىلىغانلىقى قەيت قىلىندى.

باياناتنىڭ ئاخىرىدا: «بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆلىمالىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بارلىق ئىسلام ئەللىرى، تۈرك دۇنياسى ھەمدە بارلىق ئىسلامىي تەشكىلاتلارنى خىتاينىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتىگە قارىتا ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىمىز» دېگەنلەر بىلدۈرۈلدى.

بايانات ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى يەنە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئەزاسى ئۇستاز ھەبىبۇللاھ كۇسەنى ۋە ئەلى ئەكبەر داموللام سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇش سىياسەتلىرىگە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ سۈكۈت قىلغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن خىتاينىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئۆمەر قارىھاجىمنىڭ خىتاينىڭ ھالاكىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي زۇلمىدىن تېزرەك قۇتۇلۇشى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزىز بولۇشى ھەققىدىكى دۇئالىرى بىلەن ئاخىرلاشتى.



# ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستان
# پاختىسىغا تايىنىشى تېخىمۇ كۈچەيمەكتە



ختاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى سەۋەبلىك، خەلقئارالىق بېسىم بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان يەنىلا ختاينىڭ ئەڭ ئاساسلىق پاختا مەنبەسى بولماقتا.

ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختا ھوسۇلى جەمئىي 5 مىليون 129 مىڭ توننا بولۇپ، ختاي كونتروللۇقىدىكى پاختا ھوسۇلىنىڭ 90%ىگە يېقىنىنى ئىگىلىگەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختا ھوسۇلى ئۇدا تۆت يىل 5 مىليون تونىدىن يۇقىرى ھالەتنى ساقلىغان بولۇپ، ختاي بويىچە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۇدا بەش يىل 80% تىن ئاشقان.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، ختاي دائىرىلىرى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى كۆپ ھوسۇل بېرىدىغان ناھىيە، شەھەرلەرگە نۇقتىلىق مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ، پاختا سورتىنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كۈچىگەن. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 2 مىليون 500 مىڭ گېكتاردىن ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4200 گېكتار كۆپەيگەن.

خەۋەردە يەنە ختاينىڭ تەمىنلەش زەنجىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغاندىن سىرت، «پاختىنى ماشىنىدا يىغىۋېلىش» دېگەن ئىبارە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. شۇنداقلا يېقىندىن بېرى داۋاملىق كېڭەيتىلىۋاتقان يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتىپلاشتۇرۇش سىياسىتى ماختالغان.


شەرقىي تۈركىستان پاختىسى ختاي ئاساسلىق تايىنىدىغان پاختا مەنبەسى بولۇپلا قالماي، پۈتۈن دۇنيادىكى پاختا تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ 20 نەچچە پىرسەنتىنى ئىگىلىمەكتە. ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈنتەرتىپكە كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ختايغا جازا يۈرگۈزگەندىن سىرت، H&M قاتارلىق بىر قىسىم داڭلىق شىركەتلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختىسىنى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ختايمۇ بۇنىڭغا قارشى تۈرلۈك ئۆچ ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللانغان. نۆۋەتتە نايك قاتارلىق كىيىم-كېچەك شىركەتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن يىغىۋېلىنغان پاختا ماتېرىيالىنى ئىشلىتىش بىلەن تەنقىدكە ئۇچرىماقتا. ختاي بولسا شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك يوقلۇقىنى، پاختىلارنىڭ پۈتۈنلەي ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغانلىقىنى دەۋا قىلماقتا.

UHRP
UYGHUR HUMAN RIGHTS PROJECT
ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى

ABOUT | STATEMENTS | RESEARCH | EVENTS | TAKE ACTION | DONATE

UHRP Report Illustrates CGTN's Role in Cleansing Genocide

# خىتاي تاراتقۇسى CGTN ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئاقلاشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان




ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا جايلاشقان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاي يەر شارى تېلېۋىزىيە تورىنىڭ (CGTN) خىتاي رېجىمىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئاقلاشتىكى مۇھىم رولىنى پاش قىلدى.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى 21 - دېكابىر «CGTNنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تاراتقۇلاردا ئاقلاشتىكى رولى» سەرلەۋھەلىك دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي يەر شارى تېلېۋىزىيە تورىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش، بۇرمىلاش، قانۇنلۇق كۆرسىتىش جەھەتلەردە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغانلىقىنى پاكىتلىق ھالدا پاش قىلدى.

دوكلاتتا خىتاي رېجىمىنىڭ چەت ئەلدىكى زۇۋانى بولغان خىتاي يەر شارى تېلېۋىزىيە تورىنىڭ 2016 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش باشلانغاندىن بۇيان، خىتاينىڭ تېررور سىياسىتىنى ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن ئاقلاشقا ئۇرۇنغانلىقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاش، مەدەنىيىتىدىن ياتلاشتۇرۇش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»، «ئەدىبىيەنى تۇزەش ھەرىكىتى» دېگەندەك ناملار بىلەن تەشۋىق قىلىپ، بۇ جىنايەتلىرىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

دوكلاتتا يەنە 2020 - يىلىغىچە بولغان مەزگىللەردە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان خىتاينىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خەلق تورى، خىتاي يەر شارى تېلېۋىزىيە تورى قاتارلىق تەشۋىقات ئورگانلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، تارقاتقان پىروگراما مەزمۇنلىرىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئايرىم-ئايرىم باھالاپ چىققان ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدە خىتاي يەر شارى تېلېۋىزىيە تورىنىڭ ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىش جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي يەر شارى تېلېۋىزىيە تورىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار ساختا خەۋەر، سۈرەت، پىروگراما تارقىتىشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى، بۇ ھالەتتە تۇرۇپ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ يەر شارى تېلېۋىزىيە تورى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنى توغرا چۈشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئاخبارات ئورگانلىرىنى خىتاي ئاخبارات ئورگانلىرى، بولۇپمۇ يەر شارى تېلېۋىزىيە تورى بىلەن ھەمكارلاشماسلىققا چاقىرغان.



# ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم ۋاپاتىنىڭ بەش يىللىقى خاتىرلەندى

ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئالىمى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ مۇھىم يولباشچىلىرىدىن بىرى ئۇستاز ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ۋاپاتىنىڭ بەش يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئىستانبۇلدا مەرھۇمنى خاتىرلەش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.

ئىستانبۇلنىڭ ئەييۇب سۇلتان رايونىدىكى باھارىيە مەۋلەۋىيخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشقا مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، تەشكىلات مەسئۇللىرى، جامائەت ئەربابلىرى قاتناشقان بولۇپ، ئالدى بىلەن ھەبىبۇللاھ قارىم ۋە مەھمۇدجان داموللام قۇرئان تىلاۋىتى قىلدى.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان قىسقا فىلىم قويۇلغاندىن كېيىن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، مەرھۇمنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردە يېتىشكەن بىر شەخس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ۋاپاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇجادىلىسى ئۈچۈن زور يوقىتىش ئىكەنلىكىنى، دەۋا سېپىدىكىلەرنىڭ مەرھۇمنىڭ تۇتقان يولىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز سىراجىددىن ھاجىم سۆز قىلىپ، ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئەخلاقى، تەشكىللەش ئىقتىدارى، ئۆلىمالىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش روھىنى تەرىپلەپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ روھىنى ئۈلگە قىلىشقا چاقىردى.

ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، كېرەم قارىم، ئابدۇلئەھەد مەخسۇم، ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىم قاتارلىق دىنىي رەھبەرلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ تولدۇرغۇسىز ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ مېڭىش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئۆزگەرمەس پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش، ھەمكارلىق، قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىدى.






سابىق پارلامېنت ئەزاسى دوكتور جەلال ئەرباي سۆز قىلىپ، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنى مەرھۇم بىلەن بىرگە قۇرغانلىقىنى، بۇ دەۋانىڭ ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇنى كەلگۈسىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇش كېيىنكى ئەۋلادلارغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ رەپىقىسى مەريەم تەكلىماكان خانىم سۆز قىلىپ، مەرھۇمنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خىزمەتلىرىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي، ئائىلىسىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، دىيانىتى، سەۋرچانلىقى، ياردەمسۆيەرلىكى بىلەن ھەممىگە ئۈلگە بولغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر خانىم سۆز قىلىپ، مەرھۇمنىڭ مەسئۇلىيەتچان، تەشكىللەش ئىقتىدارىنى، باشقىلارغا ئۈمىد بېغىشلاش روھىنى مىسال كەلتۈرگەندىن سىرت، ئۇنىڭ ئاياللار خىزمىتىگە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەن بىر رەھبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد سۆز قىلىپ، مەرھۇمنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا كەم تېپىلىدىغان رەھبەرلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى، پىكىرلىرىدە، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا، سۆز-ھەرىكەتلىرىدە دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنى تەڭ نامايان قىلغان ئۈلگىلىك زات ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ ئوغلى، شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى رەئىسى ئابدۇسالام تەكلىماكان سۆز قىلىپ، مەرھۇمنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋاقىتلىرىدىلا، يەنى 1987 - يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق مۇجادىلىسىگە ئاتلانغانلىقىنى، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن ياشلارنى ئەلەم ۋە قەلەمدە تەشكىللىك تەربىيەلىگەنلىكىنى، ئائىلىدىمۇ ھەم مېھرىبان، ھەم مەسئۇلىيەتچان ئاتا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن ماڭىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلىپ، مەرھۇمنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىلىم ئېلىش ۋە خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن ئەزىيەتلەرنى تارتقانلىقىنى، ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق دەۋاسىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانغانلىقىنى ۋە ھازىرقى كۆپلىگەن تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى بىلدۈردى، شۇنداقلا خەلقىنىڭ يول باشچىلىرىنى قەدىرلىشىنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

شىۋېتسىيە مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نىجات تۇرغۇن سۆز قىلىپ، مەرھۇمنىڭ سىياسىي دەۋا سېپىدە ئالاھىدە بىر ئۈلگە تىكلىگەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللامۇ مەرھۇمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئەخلاقىنى مىسال سۈپىتىدە سۆزلەپ، ئۇنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىردى. د ئۇ ق نىڭ مالىيە ئىشلىرى مەسئۇلى ئابدۇجېلىل قارىمۇ سۆز قىلىپ، مەرھۇمنىڭ سۈپەتلىرىنى سابىت داموللامغا سېلىشتۇرۇپ، ئەسلەپ چىقتى. ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ ئىدارە ھەيئەت ئەزاسى ئابدۇۋاھاپ قارىم مەرھۇمنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا قېرىنداشلىق رىشتىسى ئورنىتىشقا ماھىر بىر زات ئىكەنلىكىنى، ھاياتى ئۈلگىلىك بىر ھايات ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى. مەرھۇمنى خاتىرىلەش يىغىلىشى ئاخىرىدا پېشقەدەم ئۆلىما نىياز داموللامنىڭ باشچىلىقىدىكى ئوپچە دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.






خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تېررور سىياسىتىنىڭ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ باش ئىجراچىسى چېن چۈەنگو بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ما شىڭرۇي ئالماشتى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ يېڭى قارار چىقارغانلىقى، بۇندىن كېيىن چېن چۈەنگونىڭ ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئورنىدا ما شىڭرۇينىڭ يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

بۇنىڭ بىلەن 2016 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن تارتىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى باش بولۇپ ئىجرا قىلغان، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن، قولى مىليونلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان چېن چۈەنگونىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىپىسى ئاخىرلاشقان. خەۋەردە ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى، بۇندىن كېيىن قانداق ۋەزىپىگە قويۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن.

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەن ما

شىڭرۇي خىتاي مىللىتىدىن بولۇپ، 1959 - يىلى خېيلۇڭجياڭدا تۇغۇلغان. ئۇ بۇرۇن خىتايدىكى تۈرلۈك تەتقىقات، ئاكادېمىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغاندىن سىرت، 2013 - يىلىدىن باشلاپ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، 2017 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ، ئۆلكە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بۇلتۇر گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ھەيئەتنى باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئاتالمىش «نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى»نى تەكشۈرگەن.

خىتاي يېقىنقى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلدارلىرىنى زور دەرىجىدە تەڭشىگەن بولۇپ، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ قورچاق رەئىسى شۆھرەت زاكىرمۇ 30 - سېنتەبىر ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سورىغان ۋە ئورنىغا ئەركىن تۇنىياز مۇۋەققەت رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى.

خىتاي رېجىمىنىڭ بۇ قارارى نۆۋەتتە كۆچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇنىڭدىكى مەقسىتى ۋە كېيىنكى پىلانلىرى ھەققىدە تۈرلۈك پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بولۇپمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»نى رەسمىي ئىمزالاپ، ئىككى كۈندىن كېيىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئەمەلدارىنى ئالماشتۇرۇشى تېخىمۇ دىققەت قوزغىماقتا.



# خىتاي ساختا ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخنى بۇرمىلماقتا

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىجرا قىلىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە كۈچەپ كىرىشىۋاتقان بولۇپ، يېقىندا ئېرىشكەن ئاتالمىش «ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى»نى دەلىل-ئىسپات سۈپىتىدە ئالاھىدە تەشۋىق قىلماقتا.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە خىتاينىڭ تۆت ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى، بۇ يىل پىلانغا ئاساسەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تۈرىدىن 17نى يولغا قويۇپ، 80 مىڭ كىۋادرات مېتىر يەرنى چارلاپ تەكشۈرگەنلىكى، تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقىدىن نەچچە مىڭنى قېزىپ چىققانلىقى قەيت قىلىنغان.

خەۋەردە بۈگۈر كۈيۈك شەھەر قەدىمي شەھىرى، زوركۆت قەدىمي شەھىرى، كۇچا ئۈچتۇر قەدىمي شەھىرى، كورلا ئۆزگەن قەدىمي شەھىرى، بورتالا دالىتۇ قەدىمي شەھىرى قاتارلىق شەھەر يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان بىلەن خىتايدىكى سۇلالىلەرنىڭ باشتىن-ئاخىر قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى، بىر گەۋدىلەشكەن مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىسپات بولىدىغانلىقى دەۋا قىلىنغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمي يادىكارلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كۆپ مىللەتنىڭ يۇغۇرۇلغانلىقىنى، كۆپ خىل دىنىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغاندىن سىرت، قومۇل ۋىلايىتىدىن سەددىچىن سېپىلى يادىكارلىقلىرى بايقالغانلىقى، بۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بىر تۇتاش باشقۇرغانلىقىغا ئىسپات بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىلجىرلىغان.

خەۋەردە يەنە: «تارىخىي يادىكارلىقلار شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، كۆپ مىللەت تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئالماشقان، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جاي ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى» دېگەن نومۇسسىز ئىبارىلەر ئورۇن ئالغان.

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكە جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق كىتابلىرىدا «ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن قىلىپ كەلگەن دىن ئەمەسلىكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن زېمىن ئەمەسلىكى»دە رەزىل بايانلارنى كۆپلەپ تەكىتلەپ كەلمەكتە. پۈتۈنلەي خىتاي ئىشغالىيەتچى رېجىمى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئاتالمىش تەتقىقاتچىلار ۋە تەشۋىقات ئورگانلىرىمۇ خىتاينىڭ سىياسىتىگە ماس ھالدا يالغان تارىخ، يالغان ئىسپات ئويدۇرۇپ چىقىشنى كۈچەيتمەكتە.



# ما شىڭرۈي خىتاي رېجىمىنىڭ سىياسىتىنى تولۇق ئىجرا قىلدۇرغانلىقىنى بىلدۈردى

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ما شىڭرۈي خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى «ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، توغرا، ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلدۇرغانلىقى»نى تەكىتلىدى.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ما شىڭرۈي 27 - دېكابىر قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۈنىياز بىلەن بىرلىكتە، ئۈرۈمچىدە بىر قىسىم جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگەن.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، ما شىڭرۈي شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرىنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلىقىنى، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق ئېڭى»نى بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىش، بىرىكىپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ سۆزىدە يەنە خىتاي رېجىمى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان، ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ پەردازلاپ ئېيتىلىشى بولغان ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» ئىبارىسىنى، شۇنداقلا «ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى چىڭ تۇتۇش» سىياسىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

خىتاي رېجىمى 25 - دېكابىر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ باش ئىجراچىسى چېن چۈەنگونىڭ ئورنىغا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ما شىڭرۈي ئالماشتۇرغان بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. گەرچە بىر قىسىم ئانالىزچىلار خىتاينىڭ ئەمەلدار ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىنى يۇمشىتىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم ئانالىزچىلار، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى، ئاكادېمىكلىرى خىتاينىڭ ئۇزۇن يىل پىلانلاش ۋە غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىش ئارقىلىق ئىجرا قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى تېررور سىياسىتىدە كۆپ ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.






ماراكەشتە تۇتقۇن قىلىنغان ئىدرىس ھەسەننىڭ خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقى ھەققىدە چاقىرىقلار داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، خەلقئارادىكى 20 دىن ئارتۇق ئىسلام ئۆلىمالىرى تەشكىلاتى بىرلەشمە باياناتقا ئىمزا قويدى.

ئالدىنقى كۈنلەردە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالار، ئىسلامىي تەشكىلاتلار ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىدا ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا خىتاب قىلىپ، ماراكەش دائىرىلىرىدىن ئىدرىس ھەسەننى قايتۇرۇۋەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلغانىدى، شۇنداقلا بىر قىسىم نوپۇزلۇق ئۆلىمالار ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ھەققىدە كەسكىن پەتىۋا بەرگەنىدى. ئەقسا مەسچىتىنىڭ ئىمامى دوكتور ئىكرەمە سەبرىيمۇ ماراكەش ھۆكۈمىتىگە خىتاب قىلىپ، ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرماسلىققا چاقىرغانىدى.

ئالدىنقى شەنبە كۈنى تىۋىتتېردا بىر تۈركۈم ئەرەب ئۆلىمالار، تەتقىقاتچىلار ۋە ژۇرنالىستلار نەق مەيدان سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، ئىدرىس ھەسەن مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن قاتناشقان. ئۇ سۆھبەت جەريانىدا ئىدرىس ھەسەن مەسىلىسىنى تونۇشتۇرۇشتىن سىرت، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلىكلىرىنى، تەشكىلاتلىرىنى بۇ ھەقتە ئورتاق ئاۋاز چىقىرىشقا چاقىرغان.

بۇ چاقىرىققا ئاساسەن ئىدرىس ھەسەننىڭ خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقى ھەققىدە ئورتاق بايانات تەييارلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى، خەلقئارا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش مەجلىسى، پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى... قاتارلىق 20 نەچچە ئىسلام ئۆلىمالىرى تەشكىلاتى ئاۋاز قوشقان.

ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئىدرىس ھەسەننىڭ ئائىلىسى ۋە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ھەركۈنى ماراكەشنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى ئالدىغا چىقىپ نامايىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، ماراكەش دائىرىلىرىدىن ئىدرىس ھەسەننى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ كەلمەكتە.

بۈگۈن خەلقئارا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش مەجلىسى كاتىبات ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، لىۋىيە پەتىۋا مەركىزى شەرئىي تەتقىقات ھەيئىتىنىڭ باش كاتىپى شەيخ سامى سائىدىي شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىدىكى بىر قىسىم ئۆلىمالار بىلەن بىرلىكتە، ماراكەش كونسۇلخانىسى ئالدىغا چىقىپ، ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرماسلىق ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى.

نۆۋەتتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەشكىلاتلار ۋە پائالىيەتچىلەر ئىدرىس ھەسەننى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

ھازىرغىچە ئورتاق باياناتقا ئىمزا قويغان ئۆلىمالار تەشكىلاتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. الاتحاد العالمي لعلماء المسلمين
2. الهيئة العالمية لنصرة نبي الإسلام
3. رابطة علماء المغرب العربي
4. هيئة علماء فلسطين
5. رابطة علماء فلسطين
6. مجلس الدعاة - لبنان
7. مؤسسة المرتضى للدراسات والدعوة الإسلامية - إيران
8. رابطة علماء أهل السنة
9. جماعة عباد الرحمن في السنغال
10. هيئة علماء ليبيا
11. رابطة أئمة وخطباء ودعاة العراق
12. دار العلوم لتعليم القرآن والسنة - إيران/خراسان
13. اتحاد العلماء والمدارس الإسلامية، تركيا
14. ملتقى دعاة فلسطين
15. دار الإفتاء الليبية
16. مجمع الخلفاء الراشدين الدعوي
17. رابطة علماء إرتريا
18. منتدى العلماء
19. مجلس العلماء الإندونيسي
20. ملتقى علماء فلسطين
21. هيئة علماء المسلمين في لبنان
22. رابطة إرشاد المجتمع في الصومال
23. إتحاد علماء تركستان الشرقية




UYGHUR
ئىستىقلال ISTIQLAL
ISTIQLAL MEDIA
شەرقىي
تۈركىستان خەلقىنىڭ
ئىنسانىي
هەق ـ هوقۇقلىرى
ئېغىر دەپسەندىچىلىككە
ئۇچرىماقتا!
Radwiç 2021
© ISTIQLAL

## مەنبەلەر

https://istiqlalhaber.com/page/news/4216
https://istiqlalhaber.com/page/news/4214
https://istiqlalhaber.com/page/news/4335
https://istiqlalhaber.com/page/news/4220
http://istiqlalhaber.com/page/news/4242
http://istiqlalhaber.com/page/news/4250
https://istiqlalhaber.com/page/news/4251
http://istiqlalhaber.com/page/news/4277
http://istiqlalhaber.com/page/news/4283

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

**ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.**


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رەدۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |

**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**www.istiqlalmedia.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**